## 11013 ـ سۆيدۈك تېمىپ تۇرىدىغان كىشىنىڭ ئەۋرىتىگە خالتا كەيدۈرۈپ قويۇشى ئىبادەتتە چەكلەنگەن ئىشلاردىن ھېسابلىنامدۇ؟

### سۇئال

سۆيدۈك تېمىپ تۇرىدىغان كىشى نىجاسەتنىڭ تارقىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئەۋرىتىگە خالتىدەك بىر نەرسە كەيدۈرۈپ قويسا قانداق بولىدۇ؟. بۇ ئىبادەتتە چەكلەنگەن ئىشلاردىن ھېسابلىنامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىز بۇ سوئالنى ھۆرمەتلىك ئۇستاز مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئۇسەيمىنىدىن سورىغان ئىدۇق، ئۇستاز: بۇ ئىبادەتتە چەكلەنگەن ئىشلاردىن ھېسابلانمايدۇ دەپ جاۋاپ بەرگەن.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.